شىنجاڭ گېزىتى 4 مۇھىم خەۋەرلەر
2021 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پەيشەنبە

# ئېگىزلىك ئاسمىنىدىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەش نەمۇنىچىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش

قىزىرىپ تۇرغان چىراي، ساددا تەبەسسۇم، چوڭ ئېكراندا لاچىن بايەكەنىڭ سۈرىتى بارا ـ بارا نامايان بولدى. «كىشىلەر ئۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتتى، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق مۇز كۆلدە، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ‹بالىنى، ئاۋۋال بالىنى قۇتقۇزۇڭلار› دەپ ۋارقىرىدى، بەدىنى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى چەككىچە كۆتۈرۈش ھەرىكىتىنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە داۋاملاشتۇردى...» سەھنە مەركىزىدە مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ رىياسەتچىسى ۋاڭ نىڭ لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى جانلىق بايان قىلدى.

نەق مەيداندا قىسقا سىن فىلىمى قويۇلۇشقا باشلىدى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەر توختىماي كۆرسىتىلىپ، چېگرانى سادىقلىق بىلەن قوغدىغان، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر چېگرا قوغدىغۇچىسىنىڭ ئوبرازى قايتا نامايان بولدى ——

«لاچىن بايەكە ئىلگىرى مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان، ئۇ چېگرا قوغدىغۇچى بولغان 16 يىلدا، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق ساناپ بېرەلمەيدۇ».

«2011 ـ يىلى قىشتا، قېلىن قار يېغىپ تاغ يولى توسۇلۇپ قالغاچقا، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدىكىلەر يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولدى. 18 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ يولدا لاچىن بايەكە قېلىن قار كېچىپ، تۆت سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئاخىر كەچلىك تاماقتىن بۇرۇن تەمىناتنى قاراۋۇلخانىغا ئاپىرىپ بەردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئاللىقاچان سېزىمنى يوقاتقان، توڭلاپ كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى».

«بۇلتۇر يۇقۇم سەۋەبىدىن كەنتىمىزدە تېرىلغان لەنخۇابەينىڭ سېتىش يوللىرى راۋان بولمىدى. لاچىن بايەكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سېتىۋالغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، پىدائىيلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كۆكتات يىغىشىغا ياردەم بەردى، ئاخىرىدا لەنخۇابەينىڭ ھەممىسى سېتىلىپ بولدى».

...

كۆپچىلىك لاچىن بايەكەنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ئالدى. تور ئارقىلىق ئېلان قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان 110 نەپەر «بۇلۇت تاماشىبىنى» ئېكراننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تەسىرلىنىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي، پات ـ پات قەغەز بىلەن يۈزىنى سۈرتەتتى.

### سادىقلىق بىلەن چېگرانى قوغداش شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش

قىسقا فىلىمنى قويۇش ئارىلىقىدا، لاچىن بايەكەنىڭ قەشقەر داشۆدە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلدىكى ياتاقدىشى مۇساجان نۇردۇن، قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لېيەنىنىڭ جىداۋيۈەنى لىيۇ شياۋلۇڭ، سابىق قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك موتورلۇق ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جىداۋيۈەنى ياڭ سىمىڭ، ھەمدە لاچىن بايەكەنىڭ دادىسى —— پېشقەدەم چېگرا قوغدىغۇچى بايەكە كەلدىبېك بىر ـ بىرلەپ سەھنىگە چىقىپ، نەق مەيدان زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەممەيلەننى قەھرىمان بىر ئائىلىنىڭ ئاجايىپ ھېكايىسىنى نەق مەيداندا تېخىمۇ چوڭقۇر، ھەقىقىي چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مۇساجان نۇردۇن 2018 ـ يىلى لاچىن بايەكە بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: لاچىن بايەكە بىلەن تونۇشقان بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. «تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇئەللىم، ساۋاقداشلار كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ھەمىشە ھۆل لۆڭگە بىلەن دوسكىنى پاكىز سۈرتۈپ، بىر تال بور ئىزىنىمۇ قالدۇرمايتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇ يەنە سېنىپنى توبالاپ، پارتىلارنى بىرمۇبىر سۈرتۈپ چىقاتتى».

ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلاش. لاچىن بايەكەنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، بۇ ئاددىي تاجىك ئائىلىسى 70 يىلدىن بۇيان ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى ساقلاپ، چېگرانى قوغداپ كەلدى. ئۇلار «چېگرا بەلگىسىنى بىر مىللىمېتىرمۇ يۆتكەشكە بولمايدۇ» دېگەن ئېتىقادنى چىڭ ساقلىدى، ئۇلار ھەققانىيەت يولىدىن قايتمىدى.

2004 ـ يىلى لاچىن بايەكە مۇقەددەس «كۈچ ئۇلاش تايىقى»نى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، چېگرا قوغدىغۇچى بولدى، ئۇ ئۆزىنى «ھەربىي فورما كىيمەيدىغان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى» دەپ ئاتايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ ئىلگىرى بىر قوراللىق ساقچى قىسىم چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى ئىدى. ھەربىي سەپتىكى چېنىقىش لاچىن بايەكەنى تېخىمۇ قەيسەر قىلدى، شۇنداقلا ئۇنى ئۆز زىممىسىدىكى بۇرچقا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلدى.

لاچىن بايەكە 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن. «ئۇ يېڭى ئەسكەرلەر لېيەنىدىكى چاغدا، مەن ئۇنىڭ جىداۋيۈەنى ئىدىم.» ياڭ سىمىڭ مۇنداق دېدى: «تۇنجى قېتىم كۆرگەندە ئۇ ماڭا بويى سەل پاكار، تېنى سەل ئاجىزدەك تەسىر بەرگەنىدى».

ھەربىي ھاياتى باشلانغاندا، لاچىن بايەكەنىڭ مەشىق نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى. مەيلى جىسمانىي كۈچ جەھەتتىن ياكى ئەسۋاب ئارقىلىق چېنىقىش جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىدە ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن تۆۋەن ئىدى.

«لېكىن ئۇ بەل قويۇۋەتمىدى، ناھايىتى تىرىشتى، ھەتتا جېنىنى تىكىپ قويدى. ھەر كۈنى كەچتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىگە ‹ئالاھىدە ۋەزىپە› بېرەتتى.» ياڭ سىمىڭ تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: قىسقىغىنا ئۈچ ئايدىن كېيىن، لاچىن بايەكەنىڭ نەتىجىسى بىر سەكرەپلا تارماق ئەترەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىنتايىن قايىل بولدى.

ئوغلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۈرىتىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلار توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلاپ، سەھنىدە تۇرغان، چاچلىرى ئاقارغان بايەكە كەلدىبېكنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى.

«ئامراق ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدىن كۆڭلۈم راستىنلا بەك يېرىم بولدى. لېكىن بۇ خىل ئەھۋال قايتىلانغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ يەنىلا قىلچە ئىككىلەنمەستىن بالىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن چېگرا قوغدىغۇچى بولغان ۋاقتىمدا، ھاياتىمنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي مۇزلۇق دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ھەربىي دوختۇرنى قۇتقۇزۇۋالغانىدىم، لاچىن بايەكە بۇ ھېكايىنى بىلەتتى. بىز كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، باشقىلار ياردەمگە موھتاج بولغاندا، جەزمەن ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي ئالدىدا مېڭىشىمىز كېرەك، كىچىكىدىن تارتىپلا مەن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تەربىيە بەرگەن.» بايەكە كەلدىبېكنىڭ سۆزلىرىدىن ۋاڭ نىڭ نەچچە قېتىم ئېسەدەپ كەتتى.

### قەھرىماننىڭ روھى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ

«ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب روھىنى تەشۋىق قىلىش، تەقدىرلەش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى يولداش لاچىن بايەكەگە ‹دەۋر نەمۇنىچىسى› دەپ تولۇقلاپ نام بېرىشنى قارار قىلدى».

كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، لاچىن بايەكەنىڭ دادىسى، خوتۇنى ھەمدە بىر جۈپ پەرزەنتى مۇكاپات تارقاتقۇچىنىڭ قولىدىن خاتىرە ئىنىكى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

دادىسىنىڭ ئېغىر سالماقتا تولغان بۇ شان ـ شەرىپىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، لاچىن بايەكەنىڭ قىزى دۇرخان لاچىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «دادام مېنى بېيجىڭ تيەنئەنمېنغا بىللە ئېلىپ بېرىپ دۆلەت بايرىقى چىقىرىشنى كۆرۈشكە ماقۇل بولغانىدى، بۇ قېتىم مەن ئاخىر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ياخشى ئوقۇپ، داشۆگە ئۆتۈپ، جەمئىيەتكە يارىملىق ئادەم بولىمەن».

لاچىن بايەكەنىڭ ئوغلى لادىر لاچىن قولدا دادىسىنىڭ كىيىمىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. لاچىن بايەكە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، بۇ چاپاننى مەخسۇس بېيجىڭغا يىغىنغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىغانىدى، لېكىن ئۇ كىيىشكە ئۈلگۈرمىدى.

«مېنىڭمۇ كېيىن دادامغا ئوخشاش قىسمغا بېرىپ ئەسكەر بولغۇم بار، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ قايتىپ كېلىپ يۇرتۇمدا چېگرا قوغدىغۇچى بولىمەن. بۇمۇ دادامنىڭ ئىنچىل ئارزۇسى ئىدى» دېدى لادىر لاچىن جاراڭلىق ئاۋازدا.

لاچىن بايەكەنىڭ ئادەتتە خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، ئۆيدە بولىدىغان ۋاقتى ئاز ئىدى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەتتا بىر پارچە ئوپچە سۈرەتكىمۇ چۈشۈپ باقمىغان، بۇ ھەم پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالغانىدى. شۇ كۈنى، بالىلارنىڭ ئۇنىڭ كىيىمىنى كۆتۈرۈپ كېلىشى، سەھنىدە مۇشۇنداق شەكىلدە بىر پارچە ئوپچە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئىدى.

«چاراس ـ چۇرۇس!» قىلىپ سۈرەتكە تارتىلدى، لاچىن بايەكەنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناخشىسى «گۈل ئېچىمىشقا شۇنچە قىزىل» ئاستا ـ ئاستا ياڭرىدى.

«گۈل ئېچىمىشقا شۇنچە قىزىل... ئۇ ياشلىق باھارىنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىلغان.» چارلاش يولىدا، ھەر قېتىم لاچىن بايەكە چارچاش ھېس قىلغاندا، بۇ ناخشا ھەمىشە ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايتتى.

لەرزان ناخشا ساداسى ئىچىدە، ئېلان قىلىش مۇراسىمى ئاستا ـ ئاستا ئاخىرلاشتى. ئېكراندىكى قايناق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان، پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا يازغان «قۇربىمنىڭ يېتىشىچە خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى بىر ئۆمۈر ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن لاچىن بايەكەگە ھەممەيلەن تولۇپ تاشقان ھۆرمەت نەزەرىنى ئاغدۇرغىنىچە، نەمۇنىچىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى جىمجىت ھېس قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لاچىن بايەكە ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، ئۇ بوۋىسى، دادىسىدىن چارلاش يول باشلىغۇچىسىلىق كۈچ ئۇلاش تايىقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مۇقەددەس دۆلەت زېمىنىنى مۇھاپىزەت قىلغان، ۋەتەننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىغان، كۆپ قېتىم ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي چارلاش جەڭچىلىرىنى قۇتقۇزۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرغان، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان چېگرانى ساقلاش، چېگرانى قوغداشتەك ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش باتۇرانە ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا تارقىلىپ، سانسىزلىغان ئارمىيە، خەلقنى تەسىرلەندۈرگەن. 2018 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئۇ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، سادىقلىق بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تىرىشىپ تۈرتكە بولۇپ، شۇ جايدىكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا پائال تۆھپە قوشقان. كۆپ قېتىم شەرەپ بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر چېگرا قوغدىغۇچى، ئەخلاق نەمۇنىچىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى يەككە شەخس شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن، 2020 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» نامى بېرىلگەن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا «مەملىكەت بويىچە ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى» بولۇپ تەقدىرلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ۋە ئىلغار ئىش ئىزلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن جەمئىيەتتە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كەڭ كادىرلار، ئامما بولۇپمۇ چېگرا رايون، مىللىي رايونلاردىكى كادىرلار، ئامما ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق قارىدى: لاچىن بايەكە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ قەتئىي تۈرتكە بولغۇچىسى، يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى چىڭ ساقلاشتىكى مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۈلگىسى، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشتىكى ئاۋانگارت نەمۇنىچىسى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىدىغان، چېگرانى چارلايدىغان، چېگرانى قوغدايدىغان «پامىر بۈركۈتى». كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: «دەۋر نەمۇنىچىسى»نى ئۈلگە قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

«دەۋر نەمۇنىچىسى»نى ئېلان قىلىش مۇراسىمى نەق مەيداندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يولداش لاچىن بايەكەگە ‹دەۋر نەمۇنىچىسى› دېگەن نامنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدىكى قارارى» ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقا فىلىم قويۇلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مەسئۇل يولداش يولداش لاچىن بايەكەنىڭ تۇغقىنىغا «دەۋر نەمۇنىچىسى» مېدالى ۋە گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بەردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى مىنىستىرلىقى، مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى ئېلان قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى قىلچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ

□ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇنجان ئىمىن

پومپېئو ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىقىنى يۇقىرى پەللىدە جارى قىلدۇردى، ئۇ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، بۇرمىلاپ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقاردى، ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى قىلچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. پومپېئومۇ شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر مەيلى قانداق ئورالسۇن، ھامان يالغان ـ ياۋىداق سۆز. لېكىن، ئۇ ئاللىقاچان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتىكى مەقسىتى قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان يامان غەرەزدىكى كۆپتۈرۈش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا بوھتان چاپلاشقا، قارا چاپلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى. پومپېئو قانداق يالغان سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى مەڭگۈ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاقىللار ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيدۇ. مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ غەمخورلۇقى، ياردىمىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم بولۇۋاتقانلىقى، ئىقتىسادنىڭ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغانلىقى، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىنىپ گۈللەندۈرۈلگەنلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق ـ ئىناقلىقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم.

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىناق بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى پومپېئونىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەنلا تەۋرىنىپ قالمايدۇ؛ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان ئوبيېكتىپ پاكىت پومپېئونىڭ ئالدامچىلىقى بىلەنلا ئىنكار قىلىنمايدۇ؛ شىنجاڭنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلاش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختىنى كۆزلەشتىكى ھەقىقىي تىرىشچانلىقىغا پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى بىلەنلا قارا چاپلىنىپ قالمايدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئورتاق تىرىشسا، شىنجاڭ مۇقەررەر تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، مۇقىم بولىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پومپېئوغا ئوخشاش بۇنداق غالجىرلاشقان چۈپرەندىلەر مۇقەررەر تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

# بىزنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇمىز ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى

□ شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش شۆيۈەنى مەدەنىيەت ـ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى قەلبىنۇر ئابدۇرېشىت

پومپېئو يالغان ـ ياۋىداق سۆز توقۇپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. بۇنىڭغا مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، پارتىيە ۋە خەلق مېنى بېقىپ ئۆستۈردى، مېنى يېتىشتۈردى. خىزمەت جەريانىدا، مەن ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرىم بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگەندۇق؛ تۇرمۇشتا، مەن ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتىشتۈردۇق. مەن پومپېئوغا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، شىنجاڭدا ماڭا ئوخشاش ياخشى تەربىيە ئالغان ھەر مىللەت ئاياللىرى يەنە ناھايىتى كۆپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

شىنجاڭ مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، بىزنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇمىز ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

ھازىر، ئوقۇش يېشىدىكى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇيالايدىغان، تەربىيەلىنەلەيدىغان، ماھارەت ئۆگىنەلەيدىغان بولدى. شىنجاڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى مائارىپىنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تەسىس قىلىش لايىھەسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت تىل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى.

پومپېئو قانداق يالغان سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ يوشۇرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننىڭ ئىللىق قويىنىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ يوققا چىقىرالمايدۇ.

# پومپېئونىڭ سۇيىقەستى ئەخمىقانە خام خىيال

□ يەكەن ناھىيەسى تاغارچى بازىرى زاغۇنئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمەتئېلى تۇرسۇن

بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. كېسەك ئۆيدىن ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق، كەنتنىڭ يوللىرى توپىلىق يولدىن كەڭ، تۈز ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى، قاتناش قورالىمىز ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى ياكى ۋېلىسپىتتىن ھازىرقى شەخسىي ئاپتوموبىلغا ئۆزگەردى، ياخشى كۈنلەرنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمىز. مەيلى يەر تېرىش بولسۇن ياكى باقمىچىلىق قىلىش بولسۇن، ھەممىسىدە ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدۇق، داۋالىنىش، ئوقۇشنىڭ ھەممىسى كاپالەتكە ئىگە... خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بىز دېھقانلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، دىنلار ئىناق، رايىش بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پومپېئونىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۇيىقەستى ئەخمىقانە خام خىيال! شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۇيىقەستى تېخىمۇ ئەخمىقانە خام خىيال! شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن